ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 24 ـ سان

ئىيۇل 2022

توغرا تەشۋىقات ئۇيغۇنىشىنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر




















# ئىسلامىي تەشكىلاتلار «ئۇيغۇرلار ئۇچۇن دەس تۇر»دى

DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV | Istiqlal TV | Istiqlal TV | Istiqlal TV



# ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 13 يىللىق خاتىرە كۈنىدە زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

بۇندىن 13 يىل بۇرۇنقى 5-ئىيۇلدا يۈز بەرگەن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررور سىياسىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

**نامايىش خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىغا يىغىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرگىنىچە، خىتاينىڭ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىكى ۋەھشىيانە باستۇرۇشىغا ۋە نۆۋەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى شوئارلارنى تowلاشتى. نامايىشتا جازا لاگېرىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پىلاكات ئېسىلغاندىن سىرت، بىر قىسىم ياشلار قانغا بويالغان كېپەنگە سىمۋول قىلىنغان كىيىملەرنى كىيىپ، مەيدانغا يىغىلغان مۇخبىرلارغا خىتاينىڭ قانلىق باستۇرۇشىنى نامايان قىلدى.**

ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان تۈركچە باياناتنى ئوقۇدى. ئۇ باياناتىدا ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ ئوت پىلتىسى بولغان شاۋگۇەن قىرغىنچىلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تىنچ نامايىش ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئەمما خىتاي رېجىمىنىڭ خەلقنى قانلىق باستۇرغانلىقىنى، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭمۇ بۇ جىنايەتكە كۈچ چىقارغانلىقىنى، بۇ ۋەقەنىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە مۇستەقىللىقتا ئېرىشىش ئىرادىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ئۇ باياناتىدا يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سىياسىي تەسىرى ئارقىلىق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئاۋاز



چىقىرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە خەلقئارالىق تاراتقۇلارنى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توسۇشقا، خىتاي تەھدىتىدىن ئاگاھ بولۇشقا چاقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.




ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئەرەبچە بايانات ئوقۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ 13 يىل بۇرۇنقى قەتلىئامى ۋە نۆۋەتتە داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىنى خىتاينىڭ بۇ ئېغىر جىنايىتىگە قارشى ئاۋاز چىقىرىشقا چاقىردى. بايانات ئەلجەزىرە قاتارلىق نوپۇزلۇق قانالالاردا نەق مەيداندىن تارقىتىلدى.



ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ئىنگلىزچە بايانات ئوقۇپ، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ 73 يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئىشغالىيىتى جەريانىدىكى يەنە بىر

جىنايەت ئىكەنلىكىنى، بۈگۈن مەيداندىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىغا خىتاب قىلىش ئۈچۈن يىغىلغانلىقىنى، پۈتكۈل ئىنسانلارنى «مەنمۇ بۇ پاجىئەگە چېتىشلىقمۇ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇپ بېقىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ باياناتىدا يەنە كۆپلىگەن دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەنلىكىنى، تۈركىيە باشلىق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە قانۇنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىنسانىي جەھەتتىن مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى تەكىتلىدى.




ئارقىدىن يەسەۋى ئالپەرەنلەر جەمئىيىتى رەئىسى كۈرشات مىجان سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە خەلقئارا جەمئىيەت ۋە تاراتقۇلارنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى، ھەتتا كۆز يۇمغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا بولسا ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق ھالدا يوقىتىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ توختىتىلىشى ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇندىن باشقا شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى ئىزباسارلار گۇرۇپپىسىدىكى ئۆسمۈرلەر ئىستانبۇلنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدا 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى تونۇشتۇرۇلغان ۋاراقچىلارنى تارقىتىپ، يەرلىك خەلقنى بۇ پاجىئەدىن خەۋەردار قىلدى.

بۈگۈن يەنە ئەنقەرەدە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە تۈركىيە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى بىرلىكتە 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى ھەققىدە سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. كۆرگەزمىدە ئەنقەرە خەلقىگە خىتاي رېجىمىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى.

ئوخشاش كۈندە يەنە تۈركىيەنىڭ كونيا ۋىلايىتىدە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، سۇتتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى كونيا شۆبىسى ۋە كونيا ئاممىۋى تەشكىلاتلار مۇنبىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئۈرۈمچى 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقىنىڭ 13 يىللىقىنى خاتىرىلەپ خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

كونيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار قاتناشقان نامايىشتا سۇتتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى كونيا شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. باياناتتا بۇندىن 13 يىل ئىلگىرى خىتاينىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە سادىر قىلغان قىرغىن قىلىش ۋە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش جىنايىتى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، نۆۋەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇرۇلدى ۋە تۈركىيە باشلىق ھەرقايسى دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار بۇ جىنايەتنى توختىتىشقا چاقىرىلدى.



ئۇندىن باشقا مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ئاكتىپ ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى (ئابىم)، ۋاداخ ۋە «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مالايشىيالىقلار» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق تەشكىلاتنىڭ ھەمكارلىقىدا، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 13-يىللىقىنى خاتىرىلەپ نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىش خىتاينىڭ مالايشىيادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مالايشىيا مۇسۇلمانلىرى خىتاي رېجىمىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىشقا، جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق جىنايەتلەردىن قول ئۈزۈشكە چاقىردى.

ئوخشاش كۈندە يەنە ئەنگلىيەدىكى يۈزدىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىقىدا بەرپا قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر» ھەرىكىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، لوندوندىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ۋە نەق مەيدان سەنئىتى نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. باياناتتا خىتاي رېجىمىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىش، جازا لاگېرلىرىنى تاقاش، بارلىق ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى. نامايىشتا يەنە سەنئەتكارلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانلىق باستۇرۇش قىلمىشى تەسۋىرلەنگەن رەسىم سىزىپ، بۇ جىنايەتلەرگە قارشى نارازىلىقىنى سىمۋوللۇق ئىپادىلىدى.



قىرغىزىستاننىڭ جالالئاباتتىكى ئۇيغۇرلارمۇ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ 13 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، شېھىتلەر ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلدى.

ئۇندىن باشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ئالاھىدە كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئوخشىمىغان تەرىقىدە نامايىش ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، خىتاينىڭ 13 يىل بۇرۇنقى قەتلىئامىغا ۋە داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە نارازىلىقىنى بىلدۈردى.



# شىۋېتسىيەدە ۋە نورۋېگىيەدە ئۈرۈمچى قەتلىئامى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

3-ئىيۇل ئىستوكھولمدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 13 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

نامايىشنى شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن بولۇپ، نامايىش ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن بۇ قېتىمقى نامايىشنى ئورۇنلاشتۇرغان شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىس ۋەكىلى ھەمدە سىياسىي ئىشلار مەسئۇلى نىجات تۇرغۇن ئەپەندى بۇندىن 13 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن قانلىق قىرغىنچىلىق ھەققىدە تەييارلىغان باياناتىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

باياناتتا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقتا نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقى، يارىلانغان ۋە يۈزمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى، خىتاي ئىشغالىيەتچى قىسىملىرىنىڭ



ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ ئوق چىقارغانلىقى، شېھىت بولغانلارنىڭ سانىنىڭ مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

نامايىشچىلار بايانات ئارىلىقىدا «شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق»، «خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن يوقالسۇن»، «شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى تاقالسۇن» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى.

نامايىش ئاخىرىدا تەكلىماكان ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئىمامى ياسىن تۇردى قارىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە شېھىتلەرگە ئاتاپ ۋە شەرقىي تۈركىستاندا تۈرمە، جازا لاگېرلاردا يېتىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقى، خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىندى.

2-ئىيۇل نورۋېگىيەنىڭ ئوسلو شەھىرىدىمۇ ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ 13 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان نامايىش پارلامېنت بىناسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مۇئەتتەر خانىم ئۈرۈمچى قەتلىئامى ھەققىدە ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى ۋە ياش پائالىيەتچى سىراجىدىن پەتقۇللاھ ئۈرۈمچى قەتلىئامى ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ ۋەھشىي جىنايەتلىرى ھەققىدە قىسقا سۆز قىلدى.




# مالايشىيادىكى ئىسلامىي تەشكىلاتلار ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

**مالايشىيادىكى زور تەسىرگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا 7-ئىيۇل «ئىنسانىيلىق سۆھبەت يىغىنى: ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈش» دېگەن تېمىدا سۆھبەت يىغىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى يىغىندا نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.**

يەرشارى تىنچلىق تەشكىلاتى ۋە مالايشىيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ئاكتىپ ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى (ئابىم)، ۋاداخ ۋە «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مالايشىيالىقلار» قاتارلىق كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزكۇر سۆھبەت يىغىنىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە خەلقئارانىڭ، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيىتى مۇزاكىرە قىلىندى.

سۆھبەت يىغىنىدا مالايشىيادىكى ئىسلامىي تەشكىلات رەھبەرلىرى، پائالىيەتچىلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەر نەق مەيداندىن ياكى تور ئارقىلىق سۆز قىلغاندىن سىرت،



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىن ختاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇسالام ئالىم ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيىتى ھەققىدە، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاراتقان دىنىي باستۇرۇش سىياسىتى ھەققىدە، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ئىجرائىيە رەئىسى ئۆمەر قانات شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا يەنە مەرھۇم ئىيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» ناملىق كىتابىنىڭ مالاي تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئېلان قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر سۆھبەت يىغىنى ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى تەشكىلاتلارنىڭ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرغان، بىر ھەپتىگە يېقىن داۋاملاشقان، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى مالايشىيا خەلقىگە تونۇشتۇرۇشنى نىشان قىلغان پىلان تۈرىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدىكەن. مەزكۇر پىلانغا ئاساسەن، بىر تۈركۈم مالايشىيالىق ياشلار ۋە پائالىيەتچىلەرگە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تونۇشتۇرۇش ھەققىدە مەخسۇس پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 13-يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ختاينىڭ مالايشىيادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشمۇ مەزكۇر پىلان تۈرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىشى ۋە بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارادا ئىزچىل كۈنتەرتىپكە كېلىشى نەتىجىسىدە، بىر تۈركۈم ئىسلام ئەللىرى ۋە ئىسلامىي تەشكىلاتلار بۇ ھەقتە ئاكتىپ ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىماقتا. خۇسۇسەن مالايشىيادىكى «مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى (ئابىم)»، «ۋاداخ» ۋە «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مالايشىيالىقلار» قاتارلىق ئىسلامىي تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن پائال ھەرىكەتكە ئۆتمەكتە.






# شىنزو ئابېنىڭ ئۆلۈمى خىتايلارنىڭ يەنە بىر يۈزىنى دۇنياغا كۆرسىتىپ بەردى

ياپونىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى شىنزو ئابى 8-ئىيۇل قەستكە ئۇچراپ قازا قىلغاندىن كېيىن، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىنسانىيلىققا يات ھالدا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تەبرىكلىشى پۈتۈن دۇنيانى يەنە بىر قېتىم چۆچۈتتى.



**شىنزو ئابېنىڭ كۈتۈلمىگەن ئۆلۈمى بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۈنتەرتىپكە كەلگەن بىر پەيتتە، خىتاي پۇقرالىرى يەنە بىر قېتىم پۈتۈن دۇنياغا باشقا بىر يۈزىنى كۆرسەتتى. بۇ ۋەقە خىتاينىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدىمۇ تېزلىكتە غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، خىتايلارنىڭ شىنزو ئابېنىڭ ئۆلۈمىگە تەنتەنە قىلىشى خىتايدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، يىللاردىن بېرى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىرقچىلىق كەيپىياتىنى نامايان قىلدى.**

بىر نەچچە كۈندىن بېرى خىتاينىڭ ۋېيبو، ئۈندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تەبرىكلىگەن، مەسخىرە قىلغان تۈرلۈك يازمىلار ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىل يازمىلار كۈچلۈك ئالقىشقا ئېرىشكەن. مەلۇم بىر خىتاي ۋېيبو ھېساباتىدا «شىنزو ئابې ئۆچمەنلىكنى ئۇنتۇپ،



قورالىق كىشىنى كەچۈرۈۋېتىشى كېرەك» دېگەن مەسخىرىلىك ئىنكاسى يۈز مىڭغا يېقىن ياقتۇرۇشقا ئېرىشكەن.

ئۇندىن باشقا تور دۇنياسىدا خىتايدىكى بىر تۇركۇم دۇكان، ئاشخانىلارنىڭ شىنزو ئابېنىڭ ئۆلۈمىنى تەبرىكلەپ پىلاكات ئاسقانلىقىدەك سۈرەتلەر تارقالغان بولۇپ، بۇلارمۇ ئوخشاشلا چەت ئەلدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. مەزكۇر سۈرەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتايلار قىزىل پىلاكاتلارغا «شىنزو ئابېنىڭ ئۆلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز... بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر مال ئالسىڭىز، بىرنى سوۋغا قىلىمىز...» دېگەندەك مەزمۇنلارنى يازغان.

بۇ مەسىلە خىتاينىڭ كۈندىلىك ئاخبارات يىغىنىدىمۇ كۈنتەرتىپكە كەلگەن بولۇپ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى جاۋ لىجيەن خىتايلارنىڭ تور دۇنياسىدىكى ئىنكاسىغا قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە مۇخبىرنىڭ سوئالىغا دۇچ كەلگەن. ئەمما ئۇ: «توردىكى ھەرخىل ئىنكاسلارغا مەن ئىپادە بىلدۈرمەيمەن» دەپ، جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

ئۇندىن باشقا تاڭشەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ شى ۋېنيىڭ ئىسىملىك بىر پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچىسى ۋېيبو ھېساباتىدا «دوستلار چەمبىرىكىمدە شىنزو ئابې ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىنى تەبرىكلەيدىغان پەسكەش قۇللارنىڭ يوقلۇقىدىن ناھايىتى خۇشالمەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ يازمىسى خىتايلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولۇپ، بەزىلىرى تاڭشەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا خەت يېزىپ، ئۇنى جازالاشنى تەلەپ قىلغان. شى ۋېنيىڭ بۇ ھەقتە يەنە ئىنكاس قايتۇرۇپ، «ئاستىدىكى ئىنكاسلارنى كۆرگىنىمدە، ئۆز مىللىتىمدىن نومۇس قىلىمەن» دەپ يازغان. تاڭشەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دەرھال بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى، مەزكۇر ئوقۇتقۇچىنى نىزاملار بويىچە قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

نۆۋەتتە بىر قىسىم ئانالىزچىلار خىتايلارنىڭ شىنزو ئابېنىڭ ئۆلۈمىگە قايتۇرغان ئىنكاسىنى خىتاي رېجىمىنىڭ يىللاردىن بېرى مەقسەتلىك كۈچەيتىۋاتقان ئاشقۇن مىللەتچىلىك تەشۋىقاتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشماقتا. بۇ خىتاي پۇقرالىرىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇنداق ئىنكاس بىلدۈرۈشى ئەمەس بولۇپ، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىمۇ ئوخشاشلا ئامېرىكا پۇقرالىرى باشتىن كەچۈرگەن پاجىئەنى تەبرىكلەشكەنىدى. شۇنداقلا بىر نەچچە يىل بۇرۇن يېڭى زېللاندىيەدە يۈز بەرگەن،50 تىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ قازا قىلىشىغا سەۋەب بولغان تېررورلۇق ۋەقەسىدىمۇ ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرغانىدى.





# تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى قاتناشقان ھېيتلىق زىياپەتكە ئۇيغۇرلارمۇ تەكلىپ قىلىندى

10-ئىيۇل (قۇربان ھېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى) ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ۋە دۇنيادا ئىگە-چاقىسىز قالغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھېيتلىق زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلدى.

ھېيتلىشىش پائالىيىتىنى تۈركىيە كۆچمەنلەر مىنىستىرلىقى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ، مۇئاۋىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئىسمايىل چاتاقلى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى قاتناشتى ۋە شۇنداقلا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلدى. ئۇندىن باشقا پائالىيەتكە يەنە ئىگە-چاقىسىز قالغان مىللەتلەردىن ئافغانىستان تۈركمەنلىرى، سۈرىيە تۈركمەنلىرى، يەمەن مۇسۇلمانلىرى، ئاراكان مۇسۇلمانلىرى ۋە پەلەستىن مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىشتىراك قىلدى.

ھېيتلىق زىياپەتتە سۇلايمان سويلۇ ئەپەندى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى.

پائالىيەتتە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان تەكلىپ بىلەن سۆزگە چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن تۈركىيە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

● ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ ئۆزىنىڭ فېيسبۇك سەھىپىسىدە بۇ ھەقتە يازما ۋە سۈرەت ھەمبەھىرلەپ، «ئىستانبۇلدا تۈركىي مىللەتلەر ۋە مۇساپىر ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ھېيتلاشتۇق» دەپ يازدى ۋە ئۆز ۋەتىنىدە قۇربان ھېيت ئۆتكۈزەلمىگەن، بۇ بايرامنى ھېس قىلالمىغان شەرقىي تۈركىستاندىن يەمەنگىچە، ئاراكاندىن پەلەستىنگىچە، ئىران تۈركمەنلىرىدىن ئافغانىستاندىكى تۈركمەنلەرگىچە، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.




# ئامېرىكا پالاتا ئەزالىرى تىبەت-خىتاي مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ھەققىدە تەكلىپ لايىھەسى سۇندى

ئامېرىكىنىڭ بىر قىسىم كېڭەش پالاتا ئەزالىرى تىبەت بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى تىنچ ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ لايىھەسى سۇندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى، ئاۋام پالاتا ئەزاسى جىم مىككوۋېرن ۋە ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى مايكىل مىككول 13-ئىيۇل بىرلىكتە «تىبەت-خىتاي توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش تەكلىپ لايىھەسى»نى سۇنغان.

مەزكۇر تەكلىپ لايىھەسىدە ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ تىبەت بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەكلىكى، خىتاي بىلەن دالاي لاما ياكى ئۇنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى قايتا قوزغىتىشقا تىرىشىش كېرەكلىكى، ئىككى تەرەپنىڭ 2010-يىلىدىن بۇيان رەسمىي يوسۇندا سۆھبەتلىشىپ باقمىغانلىقى، خىتاينىڭ ئىزچىل ھالدا دالاي لاماغا يولسىز تەلەپ قويۇپ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

تەكلىپ لايىھەسىدە تىبەت خەلقىنىڭ خەلقئارالىق قانۇنغا ئاساسەن ئاپتونومىيە ھوقۇقى بارلىقى، ئەمما خىتاي رېجىمىنىڭ باستۇرۇش سىياسىتى سەۋەبلىك، تىبەت خەلقىنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقى، تىبەت بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھەل قىلىنمىغان تەقدىردە، تىبەتنىڭ قانۇنىي ئورنىنىڭ يەنىلا خەلقئارا قانۇن ئاساسىدا بېكىتىلىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

تەكلىپ لايىھەسىدە يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تىبەت ئىشلىرى ئالاھىدە ماسلاشتۇرغۇچى ئەمەلدارىنىڭ تۈرلۈك بايانات ۋە ھۆججەتلىرىدە خىتاينىڭ تىبەت ھەققىدىكى، جۈملىدىن تىبەت خەلقى، تىبەت تارىخى ۋە دالاي لاماغا چېتىشلىق تەشكىلاتلار ھەققىدىكى يالغان ئۇچۇرلىرىغا قارشىلىق بىلدۈرۈشى ۋە خىراجەت ئاجرىتىپ، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەكلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

پالاتا ئەزاسى مايكىل مىككول بۇ ھەقتە توختىلىپ، خىتاينىڭ 1950-يىلى تىبەتكە بېسىپ كىرگەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئىشغالىيەت ۋە باستۇرۇش قىلمىشلىرىغا سەھنە ھازىرلىغانلىقىنى، خىتاينىڭ تىبەتتىكى ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلىش ۋە تارىخ ئۆيدۈرۈش قىلمىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.



# شى جىنپىڭ
# تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 12-، 13-ئىيۇل كۈنلىرى تۇيۇقسىز ئۈرۈمچى شەھىرىگە بارغان بولۇپ، بۇ جەرياندا بىر قىسىم جايلارنى زىيارەت قىلغان.

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارادا قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلگەن، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ خاتىرە كۈنىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى بارغانسىرى يېقىنلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، شى جىنپىڭ 12-ئىيۇل تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغان.

ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتى 12-ئىيۇل چۈشتىن كېيىن باشلىنىپ، 13-ئىيۇل چۈشتىن بۇرۇن ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۈرۈمچىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى، شۇنداقلا ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي» قاتارلىق ئورۇنلارنى زىيارەت قىلغان.

خىتاي خەۋەر مەنبەلىرىدە شى جىنپىڭنىڭ زىيارەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ئېڭى»نى كۈچەيتىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى تەكشۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىدىكى زىيارىتى جەريانىدا: «بىر بەلباغ، بىر يول تۈرىنىڭ چوڭقۇر ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ چەت-ياقا جاي ئەمەس، بەلكى يادرولۇق رايونغا، تۈگۈنلۈك جايغا ئايلاندى. سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلار، ناھايىتى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىلدى. تېخىمۇ تىرىشىڭلار...» دەپ جار سالغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ئورنىنى قايتا تەكىتلىگەن.

كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىگە 12-ئىيۇل زىيارەتكە بارغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ھەرقايسى ئورگان تاراتقۇلىرى 14-ئىيۇل كەچتە ئاندىن بۇ توغرۇلۇق خەۋەر تارقاتقان. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتە ناھايىتى قىسقا خەۋەر يېزىلغان.

نۆۋەتتە شى جىنپىڭنىڭ جىمجىت ۋە تۇيۇقسىز ھالدا ئۈرۈمچىگە بېرىشى ھەققىدە تۈرلۈك پەرەز ۋە ئانالىزلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.



# تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ئاشكارىلاندى

نەچچە يىلدىن بۇيان تايلاندتىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدە سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئۈچ كىشى بۇ ھەپتىنىڭ بېشىدا مەزكۇر ئورۇندىن قېچىپ كەتكەن.

تايلاند تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تايلاند ساقچى دائىرىلىرى مۇشۇ ھەپتىنىڭ بېشىدا تايلاندتىكى كۆچمەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدىن ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، تايلاند دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

بىر ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ئۈچ ئۇيغۇر دۈشەنبە كۈنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قامالغان كامېردىن قېچىپ كەتكەن. ئۇلار باڭكوكنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 320 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پىراچۇپ خىرىخان ئۆلكىسىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدىن قېچىپ كەتكەن بولۇپ، قېچىش جەريانىدا ئۆتكۈر ئەسۋاب بىلەن تۆمۈر رىشاتكىنى ھەرىدەپ ئاچقان. مەزكۇر ئەمەلدار مۇخبىرغا: «بىز ئۇلارنى داۋاملىق ئىزدەۋاتىمىز. مەن يېڭى ئەھۋال ھەققىدىكى دوكلاتنى ساقلاۋاتىمەن. يېقىنقى كۈنلەر دەم ئېلىش مەزگىلى بولغاچقا، ئىزدەش سۈرئىتى ئاستا بولۇپ قالدى» دېگەن. مەزكۇر ئەمەلدار مۇخبىرغا قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ 25 ياشلىق ئەلى، 30 ياشلىق ئابدۇللاھ ۋە 29 ياشلىق ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئۈچ مەھبۇس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرغا قەدەر قېچىپ يۈرمەكتىكەن.

**تايلاندلىق بىر پائالىيەتچىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 52 دىن 56 گىچە بولۇپ، ئۇلار تايلاندتىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىگە تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۇزۇن مۇددەت سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى خىتاي ئىكەن. خىتاي تايلاند ھۆكۈمىتىگە ئىزچىل بېسىم قىلىپ تۇرغاچقا، تايلاند دائىرىلىرى ئۇلارنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرماقتىكەن.**

بۇندىن ئىلگىرى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ تايلاندتىكى ئالىي تەتقىقاتچىسى سۇنەي فاسۇك: «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى كۆپ يىللاردىن بۇيان خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن دەلىل توپلىدى» دېگەن ۋە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زور كۆلەملىك تۇتقۇن لاگېرىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ

يەنە 2015-يىلىدىكى ۋەقەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى قايتا تەكرارلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق كاپالەت بەرمىگەنلىكىنى، شۇڭا تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

تايلاندتىكى خەلق ھوقۇقى فوندى باشچىلىقىدىكى ئون نەچچە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئالدىنقى ئايدا تايلاند ھۆكۈمىتىگە تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە مۇراجىئەتنامە سۇنغانىدى. مەزكۇر مۇراجىئەتنامىنى قوبۇل قىلغان پارلامېنت ئەزاسى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

تايلاند كۆچمەنلەر ئىدارىسى بۇ ھەقتە: «تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى باشقا جايغا قايتۇرۇش پىلانى يوق. بۇ خىل قارارنى باشقا ھۆكۈمەت تارماقلىرى، ئاساسلىقى دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى چىقىرىدۇ» دېگەنىدى. تايلاند تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى بولسا: «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسى تېپىلغانغا قەدەر، تايلاند ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ» دېگەنىدى.

تايلاند ھۆكۈمىتى 2015-يىلى 7-ئايدا كۆپىنچىسى ئاياللار ۋە بالىلار بولۇپ، 173 ئۇيغۇرنى تۈركىيەگە يولغا سالغان بولۇپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن 109 ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. بۇ مەسىلە تايلاندنىڭ ئىچى-سىرتىدا كۈچلۈك ئەيىبلەش دولقۇنىنى قوزغىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيەدىكى غەزەپلەنگەن ئۇيغۇرلار تايلاند كونسۇلخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، دېرىزىلەرنى چېقىپ، تايلاند بايرىقىنى يىرتىپ، قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.





# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنى توسۇپ قېلىش ئۇرۇنۇشلىرى پاش بولدى

*بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت 5-ئايدا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، خەلقئارا جەمئىيەت ئۇنىڭ ۋەزىپىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك هوقۇق دوكلاتىنى ئۇزۇندىن بۇيانقى ۋەدىسى بويىچە ئېلان قىلىشىنى كۈتكەن. ئەمما رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي بارلىق ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان.*

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۈچ دۆلەتنىڭ دىپلوماتلىرى تەرىپىدىن دەلىللەنگەن خىتاينىڭ بىر پارچە مەكتۇپىدا، خىتاي رېجىمىنىڭ ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتتىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك هوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىقى مەلۇم بولغان.

باچېلېت بۇ يىل 5-ئايدا شەرقىي تۈركىستانغا بارغان بولۇپ، زىيارەت جەريانى پۈتۈنلەي خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە داۋاملاشقان. باچېلېت زىيارەتتىن كېيىن بۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ تەكشۈرۈش ئەمەس، پەقەتلا بىر زىيارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. باچېلېتنىڭ خىتايغا بولغان ئاجىزانە مەيدانى كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدلەنگەن. گەرچە باچېلېت يېقىندا ئۆزىنىڭ شەخسىي سەۋەبلەر بىلەن ب د ت دىكى ۋەزىپىسىگە قايتا سايلىنىشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ 31-ئاۋغۇست ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك هوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاينىڭ ب د ت ئەمەلدارىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، بۇ مەسىلە قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان. ئۈچ دىپلومات بىلەن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر كىشىلىك هوقۇق مۇتەخەسسىسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي يازغان مەزكۇر مەكتۇپتا خىتاينىڭ ب د ت تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستان

ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى مەلۇم بولغان.

**خىتاي رېجىمى بۇ مەكتۇپنى 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرى جەنۋەدىكى دىپلوماتىيە ئۆمەكلىرىگە تارقىتىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن خىتاينى قوللاپ ئىمزا قويۇشنى تەلەپ قىلغان. مەكتۇپتا باچېلېتنىڭ ئىشخانىسى تىلغا ئېلىنىپ: «ئەگەر بۇ باھالاش دوكلاتى ئېلان قىلىنسا، كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىنى سىياسىيلاشتۇرۇش ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ تىركىشىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، مۇتەخەسسىسلەرگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ» دەپ جار سېلىنغان. مەكتۇپتا يەنە: «بىز ئالىي ئەمەلدارنىڭ بۇ دوكلاتنى ئېلان قىلماسلىقىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىمىز» دېيىلگەن. خىتاينىڭ جەنۋەدە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ئۆمىكى بۇ مەكتۇپنىڭ ب د ت غا ئەۋەتىلگەن-ئەۋەتىلمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمىگەن.**

نۆۋەتتە مىشېل باچېلېتنىڭ بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان ياكى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. باچېلېتنىڭ باياناتچىسمۇ بۇ ھەقتىكى سوئالغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان. ئەمما ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، مەزمۇنلارنىڭ ئېنىق بېكىتىلىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قاراتقان مۇئامىلىسى باھالىنىدىغان بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسى ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلاش ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات توپلاشقا باشلىغان. ئەمما نامەلۇم





سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشى ھازىرغىچە كېچىكتۈرۈلگەن.

رويتېرس ئاگېنتلىقى بۇ مەكتۇپقا قانچە كىشىنىڭ ئىمزا قويغانلىقىنى ئېنىقلىيالمىغان. مەكتۇپنى ئاشكارىلىغان تۆت شەخسنىڭ بىرى جەنۋەدە تۇرۇشلۇق دىپلومات خادىمى بولۇپ، ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ خىتاينىڭ مەيدانىنى قوللىغانلىقىنى ئېيتقان. رويتېرس ئاگېنتلىقى ئېرىشكەن بۇ مەكتۇپنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىدا باچېلېت كۆپلەپ تەنقىد قىلىنغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنىڭ رۇخسەتسىز تەييارلانغانلىقى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئېغىر خىلاپ ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بۇ دوكلاتنىڭ باچېلېتنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

مەزكۇر مەكتۇپقا خىتاينىڭ قايسى ئەمەلدارىنىڭ ھوقۇق بەرگەنلىكى ياكى قانداق تەييارلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. ئەمما مەكتۇپقا ئىمزا قويغان دىپلوماتنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر مەكتۇپنىڭ «يۇمشىتىلغان» نۇسخىسى ئاخىرقى بېكىتىلگەن نۇسخا ئىكەن.

جەنۋەدە تۇرۇشلۇق ئىككى دىپلوماتنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاينىڭ بۇ مەكتۇپى خىتاي رېجىمىنىڭ باچېلېتقا بىۋاستە لوبىچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ھەققىدىكى كەم ئۇچرايدىغان پاكىتلارنىڭ بىرى ئىكەن. بىر قىسىم دۆلەتلەر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى سەۋەبلىك بۇ مەسىلىدە خىتايغا ياق دېيىشكە پېتىنالمايدىكەن.


# يېڭى دوكلات: خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرى بۇ دۆلەتلەردە ئۈنۈمنى كۆرسەتتى




ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى 20-ئىيۇل يېڭى بىر دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كۆپلەپ يالغان خەۋەر تارقاتقانلىقى، بۇنىڭ ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە بەكرەك ئۈنۈم بەرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە ئەڭ كۆپ ۋە نوپۇزلۇق دوكلات ئېلان قىلىپ كەلگەن ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى ((ASPI 20-ئىيۇل يەنە بىر يېڭى دوكلاتنى ئېلان قىلغان. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان چەت ئەلگە قارىتىلغان تەشۋىقاتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ كەلگەن بولۇپ، خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى مەسىلىسىدە غەرب دۇنياسىنىڭ تەنقىدىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ساختا خەۋەرلەرنى كۈچەپ تارقىتىپ، جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان. نەتىجىدە بولسا خىتاينىڭ چەت ئەلگە قاراتقان يالغان تەشۋىقاتى ئوتتۇرا شەرق بىلەن ئافرىقىدا ئۈنۈم بەرگەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ چەت ئەلدىكى يالغان تەشۋىقاتىنىڭ كۆپلىگەن ھۆكۈمەت، خەلقئارالىق شىركەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي





قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلدۇرغانلىقى، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرى ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان رايونلارنىڭ مۇسۇلمان ئەللىرى ۋە غەيرى غەرب دۆلەتلىرى بولغانلىقى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 57 ئەزاسى ئىچىدە پەقەت تۈركىيە بىلەن ئالبانىيەنىڭلا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللىغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرققە جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە خىتاينى ئەيىبلىگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەرب ئەللىرى ياكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بولغان.

**دوكلاتتا بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئوخشىمىغان رايونلارغا قارىتا ئوخشىمىغان تەشۋىقات ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغان. مەسىلەن: خىتاي ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقا ئەللىرىدە ئىرقچىلىققا ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك ياخشىچاق بولۇۋېلىش تەشۋىقاتى ئارقىلىق، غەرب دۆلەتلىرىنى ئەيىبلەپ، مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان دىققىتىنى بۇرىماقچى بولغان.**

بۇنىڭدىن باشقا تەتقىقاتچىلار دوكلاتتا خىتاينىڭ فېيسبۇكتىكى يالغان تەشۋىقاتىنىڭ باشقا سۇپىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى بايقىغان. بۇنىڭ سەۋەبى خىتاينىڭ فېيسبۇكتىكى يالغان تەشۋىقاتلىرىغا رەددىيە بېرىپ ئىنكاس يازىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاز بولۇشى ئىكەن. تۋىتتېردا ژۇرنالىستلار، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكتىن، خىتاينىڭ تۋىتتېر سۇپىسىدىكى يالغان تەشۋىقاتىنىڭ ئانچە رولى بولمىغان.



# ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر دوكلاتىدا خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتى ئەيىبلەندى

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 19-ئىيۇل ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكى قىلمىشلىرىغا ئالاقىدار يىللىق دوكلاتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي بۇ يىلمۇ ئادەم ئەتكەسچىلىكى ئەڭ ئېغىر بولغان ئۈچىنچى تۈردىكى دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

**ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى سەيشەنبە كۈنى «ئادەم ئەتكەسچىلىكى مەسىلىسى دوكلاتى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن ۋە خىتاينى دۇنيادىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكى ئەڭ ئېغىر بولغان ئۈچىنچى تۈردىكى دۆلەتلەر قاتارىغا تىزغان. دوكلاتتا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈرىدىكى يوشۇرۇن دەسمايە ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.**

مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش سىياسىتى ياكى ئەندىزىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقى، «كەسپىي تەربىيەلەش»، «ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش» قاتارلىقناملار بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەت ئەلدە ياشاۋاتقانلارنىمۇ نازارەت قىلىش، پاراكەندە قىلىش ۋە تەھدىت سېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن خىتايغا قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن 20-ئىيۇلدىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بۇ توغرۇلۇق ئىپادە بىلدۈرۈپ: «ئامېرىكا يالغان دوكلات ئويدۇرۇپ چىقىپ، خەلقئارانى ئالدىدى. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئادەم ئەتكەسچىلىكى دۆلىتى» دەپ بىلجىرلىغان ۋە ئامېرىكىنىڭ بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن قارا تەنلىكلەرنى قۇل قىلغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ھەر يىلى «ئادەم ئەتكەسچىلىكى مەسىلىسى دوكلاتى» ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 188 دۆلەت ۋە رايوندىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەرنى باھالاپ كەلمەكتە.




يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە قوشنا ئەللەرگە قاراتقان زومىگەرلىك ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتە ۋە كۈچلۈك تەرىقىدە ئاگاھلاندۇرماقتا.



**ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەنگلىيە خان جەمەتى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ باش گېنېرالى بېن كي 19-ئىيۇل ئەنگلىيەدىكى بىر ئەقىل ئامبىرىدا قىلغان سۆزىدە خىتاينىڭ رۇسىيەگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ: «گەرچە رۇسىيەنىڭ تەھدىتى بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي تېخىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك خىرىس پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكى كېرەك» دېگەن.**

ئۇ سۆزىدە يەنە رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، غەرب ئەللىرى يېقىن مەزگىلدە چوقۇم ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك بولغان تەھدىت پەيدا قىلغانلىقىنى، ئەمما ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ چوقۇم كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

گېنېرال بېن كېينىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي رېجىمى رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە غەربنىڭ رۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قايتۇرغان ئىنكاسلىرىدىن تەجرىبە ۋە ساۋاق ئېلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىن ئەڭ چوڭ مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ يەنە: «بىز موسكۋانىڭ بەزى جەھەتلەردىكى ھەربىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى مۆلچەرلىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن، ئەمما بىز چوقۇم ھوشيارلىقنى



ئۆستۈرۈشىمىز، خىتاينىڭ ھەربىي ئىقتىدارىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىمىز كېرەك» دېگەن.

ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، خىتاينىڭ بۇلتۇرقى ھەربىي خىراجىتى رۇسىيەنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن بولۇپ، خىتاي نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئۇرۇش پاراخوتى ئەڭ كۆپ بولغان دېڭىز ئارمىيەسىگە ئىگە ئىكەن ۋە زور تۈركۈمدە دېڭىز ساقچىلىرى ۋە دېڭىز ئارمىيەسى ئەسكەرلىرى بار ئىكەن.



ئۇندىن باشقا ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋىليام بۇرنس 20-ئىيۇل كولورادو ئىشتاتىدىكى ئاسپېن بىخەتەرلىك مۇنبىرىدە سۆز قىلغاندا خىتاينىڭ زومىگەرلىك ھەرىكىتى ھەققىدە توختالغان ۋە شى جىنپىڭنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن كېيىنلا تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ قارىمايدىغانلىقىنى، ئەمما شى جىنپىڭنىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىگىمۇ سەل قارىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇنىڭ قارىشىچە، خىتاي رېجىمىغا نىسبەتەن نۆۋەتتىكى مەسىلە تەيۋەننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قورال كۈچى ئىشلىتىش-ئىشلەتمەسلىك ئەمەس، بەلكى قاچان ۋە قانداق تەرىقىدە ئىشلىتىش ئىكەن. كەلگۈسى ئون يىل ئىچىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، خىتاينىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بارغانسېرى كۈچىيىدىكەن.

ۋىليام بۇرنس خىتاينىڭ رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئەھۋالىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەكلىكىنى، يەنى تېز ۋە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان تەرەپنىڭ چوقۇم قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشكىدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە شى جىنپىڭنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن كېيىنلا دەرھال تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ قارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا سۈنئىي «تارىخىي شەھەرلەر»نى ياساپ چىقماقتا

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاش ئۈچۈن، بىر قىسىم يالغان تارىخىي ئورۇنلارنى ئويدۇرۇپ چىقماقتا.

**يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى دەلىل-ئىسپاتلىق ھالدا خەلقئاراغا ئاشكارىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، خەلقئارانىڭ بېسىمى ۋە ئېمبارگولارنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي رېجىمى بىر تەرەپتىن ھەر خىل يالغان مەيدان، يالغان گۇۋاھچىلارنى تەييارلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداۋاتقانلىقىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن كۈچەپ ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە.**

خىتاي يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ 21-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيەسى باغچى يېزىسى بازار بويى كەنتىدە يېڭىدىن «يوتقان قەدىمىي شەھىرى»نى قۇرۇپ چىققان. مەزكۇر ساياھەت ئورنىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ مېۋىچىلىك چەكلىك شىركىتى» بىلەن خوتەن ناھىيەلىك دائىرىلەر بىرلىكتە ياساپ چىققان. خەۋەردە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تۈرى قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكى، 21-ئىيۇل ساياھەتچىلەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، «يوتقان قەدىمىي شەھىرى»نىڭ قۇرۇلۇش ئورنى 70 مىڭ كىۋادرات مېتىر بولۇپ، 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. مەزكۇر قۇرلۇش يېمەكلىك كوچىسى، خەلق قونالغۇ مېھمانخانىسى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى ۋە مەدەنىيەت كۆرگەزمە سارىيى قاتارلىق بىر نەچچە رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، گەرچە خىتاي دائىرىلىرى «يوتقان قەدىمىي شەھىرى»نىڭ قەدىمكى خوتەن پادىشاھلىقىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىنى ئاساس قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ سۈنئىي قەدىمىي شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى پۈتۈنلەي خىتاي ئۇسلۇبى بويىچە سېلىپ چىققان.



خوتەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ماخمۇت مامۇت «يوتقان قەدىمىي شەھىرى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ: «يوتقان كونا شەھەر تۇرىنىڭ تاماملىنىشى خوتەن ناھىيەسى، ھەتتا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى ۋە تارىخىنى قېزىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ تارىخىي كىتاب ۋە باشقا ئەسەرلەردە كۆرسىتىلگەن» دەپ بىلجىرلىغان.




خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرى يېڭىدىن سۈنئىي بەرپا قىلىنغان «يوتقان قەدىمىي شەھىرى»نىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرىنى ھەمبەھىرلىگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي خىتايچە ئۇسلۇبتا، راۋاق چىقىرىلغان شەكىلدە سېلىنغان، كىرىش ئىشىكىگە خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋوللىرىدىن بىرى بولغان تاشتىن ياسالغان شىر ھەيكەل قويۇلغان، ھويلا قىسمىغىمۇ خىتايلارنىڭ تارىخىي شەخسلىرىنىڭ ھەيكەللىرى تىكلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ساياھەت ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئارتىسلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادىتىگە يات بولغان، پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ لايىھەلەنگەن كىيىملەر كىيدۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خىتايلارنىڭ قەدىمىي كىيىملىرىنى كىيگەن ئارتىسلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خىتايلارنىڭ ئەزەلدىن بۇ قەدىمىي دىياردا ياشاپ، باشقۇرۇپ كەلگەنلىكىگە نومۇسسىزلارچە ئىشارەت قىلىنغان.

يېقىنقى كۈنلەردە خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي ئورۇنلىرىنى بۇزمىلاش، ئىسىم ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىنى كۆپەيتكەن. ئالدىنقى كۈنلەردىكى خەۋەرلەردە خىتاي رېجىمىنىڭ ھازىرقى جىمسار ناھىيەسى تەۋەسىدىكى بەشبالىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىقىنىڭ ئورنىدا تاڭ سۇلالىسىغا ئالاقىدار «غەربىي رايون تۇتۇق مەھكىمىسى مۇزېيى»نى قۇرۇپ چىققانلىقى، 14-ئىيۇل رەسمىي ئېچىۋېتىلگەنلىكى، خىتاينىڭ بۇ ئارقىلىق ھېچقانداق ئارخېئولوگىيەلىك دەلىلى بولمىغان بۇ سەپسەتىسىنى ئاساسقا ئىگە قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.




ئۇنىڭدىن باشقا شى جىنپىڭ ئالدىنقى ھەپتە شەرقىي تۈركىستاننى سەككىز يىلدىن كېيىن تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغاندا، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى»نى مەخسۇس كۆزدىن كەچۈرگەنلىكىمۇ دىققەت قوزغىغانىدى. ئانالىزچىلار شى جىنپىڭنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى پۈتۈنلەي بۇزمىلاش، قايتىدىن يېزىپ چىقىش ئۇرۇنۇشلىرىنى مۇھىم ئىشلار قاتارىغا تىزغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەنىدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئايرودۇرۇم ۋە ساياھەت ئورۇنلىرى قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى ئورۇنلىرىنىڭ ناملىرىنى، خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە، سۈنئىي تارىخىي ئورۇنلارنى خىتاينىڭ ئېھتىياجى بويىچە ياساپ چىقىشقا زور مەبلەغ ئاجراتماقتا.



# شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇلاڭ-تالاڭغا ئالاقىدار بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار ئېلان قىلىندى

خىتاي بۇ يىلمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى ۋە چەت ئەلگە توشۇشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن بولۇپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 91 مىليارد 510 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 39.1% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتىدىن 29.7 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان.

**يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى تېخىمۇ كۆلەملىك بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، خىتاي-ياۋروپا (ئوتتۇرا ئاسىيا) نۆۋەتچى پويىزلىرى بىر قىسىم دېڭىز ترانسپورتى، هاۋا ترانسپورتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، خىتاي ۋە چەت ئەلگە توشۇش مىقدارىنى تېخىمۇ كۆپەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى تۆمۈريول ۋە باشقا تاموژنا ئېغىزلىرى ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ-چىققان نۆۋەتچى پويىز سانى، يۈك توشۇش مىقدارى ۋە تۈرى داۋاملىق ئېشىپ ماڭغان.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 23-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ هەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەهەرلىرىدىن قارىغاندا، تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي ئەهۋالى كۆپەيتىلگەن. ئالدىنقى ئالتە ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇلاڭ-تالاڭ ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك مەهسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 74 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 49.3% ئاشقان.

ئالدىنقى ئالتە ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت يۈك توشۇش مىقدارى 32 مىليون 788 مىڭ توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6% ئاشقان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىمپورت-ئېكسپورتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن خىتايغا سېلىشتۇرغاندا






5-ئورۇندا تۇرغان. پەقەت 6-ئايدىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 24 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 68.5% ئېشىپ، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيانقى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

ئۇندىن باشقا ئالدىنقى يېرىم يىلدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە «رايون ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى»گە ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت-ئېكسپورتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 82 مىليارد 400 مىليون يۈەن ۋە 5 مىليارد 540 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا45.7%، 18.9% ئاشقان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى خەلقئارالىق بېسىم ئالدىدىمۇ داۋاملىشىۋاتقان بۇ نەتىجىلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ: «بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىدە يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئېكسپورت ئۇدا ئالتە ئاي بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20% ئاشۇرۇلدى» دېگەن.

**كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى خىتاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلەتكەندىن باشقا، يەنە چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ بايلىقلاردىن يەرلىك خەلقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنىمۇ داۋاملىق كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.**




# خىتاي بۇ يىللىق زور كۆلەملىك يالغان تەشۋىقات پائالىيىتىنى باشلىدى

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان يالغان تەشۋىقاتلىرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىللىق زور كۆلەملىك يالغان تەشۋىقات پائالىيىتىنى رەسمىي باشلىدى.

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياستى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئاشكارا بولۇپ، نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇ سەۋەبلىك خىتايغا قارشى بىر قىسىم ئېمبارگولارنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولغان خىتاي شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ قېتىم يەنە 2022-يىللىق ئاتالمىش «ئون مىڭلىغان كىشى شىنجاڭ ھەققىدە سۆزلەش» باش تېما قىلىنغان ساختا تەشۋىقات پائالىيىتىنى باشلىغان.**

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى 2022-يىللىق ئاتالمىش «ئون مىڭلىغان كىشى شىنجاڭ ھەققىدە سۆزلەش» تېمىسىدىكى يۈرۈشلۈك تور پائالىيىتىنى 23-ئىيۇل ئۈرۈمچىدە باشلىغان. بۇ پائالىيەتكە خىتاي مەركىزىي كومىتېت تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى، توردا تارقىتىش ئىدارىسى، تور جەمئىيەت خىزمىتى ئىدارىسى باشچىلىق قىلغان. بۇ ھەقتىكى مەخسۇس يىغىننى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتى تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى، خىتاي گېزىتى تورى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن.

خىتاي ئەمەلدارلار يىغىندا سۆز قىلىپ: «ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسىرى باياشات بولدى. چەت ئەللىك داڭلىق تور مەشھۇرلىرىنىڭ قولىدىكى قەلەم ۋە فوتو ئاپپارات ئارقىلىق دۇنياغا ھەقىقىي،






ئوبيېكتىپ، گۈزەل شىنجاڭنى نامايان قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ بىلجىرلاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن چەت ئەللىك ياللانما تەشۋىقات قوشۇنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.

خىتاي ئەمەلدارلار يەنە: «بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش، توردا ئېنېرگىيە توپلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشكە يېتەكلەش كېرەك» دەپ جار سالغان بولۇپ، يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، 2021-يىلىمۇ ئاتالمىش «ئون مىڭلىغان كىشى شىنجاڭ ھەققىدە سۆزلەش» تېمىسىدا زور كۈچ ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، تور دۇنياسىدا يالغان تەشۋىقات ھەرىكىتى تەشكىللىگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھازىرغىچە جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قىسقا سىن ئېلان قىلىنغان، كۆرۈلۈش قېتىم سانى 14 مىليارد قېتىمدىن ئاشقان. يالغان تەشۋىقات ئۈچۈن ئىشلەنگەن مەزكۇر سىنلار ئون خىل تىلدا تارقىتىلغاندىن سىرت، خەلقئارادىكى خىتاينى قوللايدىغان باشقا تاراتقۇ ئورگانلىرىنىڭ تور سۇپىلىرىدا ئۇلاپ تارقىتىلغان. بۇ قېتىمقى يۈرۈشلۈك ساختا تەشۋىقات پائالىيىتى ئالدىنقى يىللىق ئاتالمىش «ئون مىڭلىغان كىشى شىنجاڭ ھەققىدە سۆزلەش» تېمىسىدىكى تور تەشۋىقاتىنىڭ كېڭەيتىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.




**ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى بۇلتۇر 12-ئايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتاينىڭ چەت ئەللىك ئىجتىمائىي تاراتقۇ مەشھۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، مەزكۇر تور مەشھۇرلىرىنىڭ خىتاينىڭ خەلقئارالىق تەشۋىقات قوشۇنىغا ئايلانغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. مەزكۇر دوكلاتتا 2020-يىلى يانۋاردىن 2021-يىلى ئاۋغۇستقىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان 546 پارچە سىن، يازمىلارنىڭ يوللانغانلىقى، بۇ مەزمۇنلارنىڭ خىتاي تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان 13 چەت ئەللىك تور مەشھۇرى تەرىپىدىن تەييارلانغانلىقى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەنىدى.**



# خىتاي ئۇيغۇرلارنى ب د ت ئەمەلدارىغا مەكتۇپ يوللاشقا مەجبۇرلىدى

***● خىتاي رېجىمى ب د ت ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى ساھەلەردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتقا مەكتۇپ يېزىشقا مەجبۇرلىغان.***

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەندىن كېيىن، خىتاي رېجىمى يالغان مەيدان، يالغان گۇۋاھچىلارنى تەييارلاش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەندى. بۇ قېتىم خىتاي رېجىمى ب د ت ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتقا مەكتۇپ يوللاشقا مەجبۇرلىغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 26-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى ئاتالمىش «ئۆز كەچۈرمىشلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش» نامىدا ھەرقايسى قاتلامدىن بىر تۈركۈم خەلقنى تاللاپ، ئىلخەت ئارقىلىق ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتقا يالغان گۇۋاھلىقلار بىلەن تولغان مەكتۇپ ئەۋەتىشكە مەجبۇرلىغان.

خىتاي رېجىمى مەكتۇپ يېزىشقا مەجبۇرلانغانلارنىڭ بىر قىسمىنى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار قىلىپ كۆرسەتسە، يەنە بىر قىسمىنى خىتاي «تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ جار سېلىپ كەلگەن جازا لاگېرلىرىدا تەربىيەلەنگەنلەر قىلىپ كۆرسىتىپ، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرىغا قاماش، كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش جىنايىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان. مەكتۇپ يازغانلارنىڭ بىر قىسمى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى






ئىجرا قىلىشىغا سادىقلىق بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن، سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز، مەمەت جۇمە قاتارلىق ئاتالمىش «دىنىي زات»لار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىشىل باچىلېتقا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدا خىتاي رېجىمىنىڭ قېلىپلاشقان ئىبارىلىرىنى تەكرارلاپ: «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى چەكلەنمەيدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئىناق، خاتىرجەم ياشىماقتا» دەپ بىلجىرلاشقان. ئۇندىن باشقا خىتاي تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىمۇ مەكتۇپ يېزىشقا مەجبۇرلىغان بولۇپ، ئۇلارمۇ خىتاينىڭ تەييارلاپ بەرگىنى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ باياشات، ئەركىن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەيىبلىگەن دۆلەتلەر ۋە



ئاخبارات ئورگانلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى يېزىشقان.

**● كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاقلاپ، يالغان تەشۋىقات ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى، مىشىل باچىلېتنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىنىمۇ بۇرمىلاپ، تەشۋىقات كوزىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىۋاسىتە ب د ت ئەمەلدارىغا يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش تاكتىكىسىنى قوللانغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە، شۇنداقلا بۇ قىلمىشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلىشتىن توسۇش ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشمەكتە.**




# «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر» نامايىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلدى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئىسلامىي تەشكىلاتنىڭ ھەمكارلىقىدا بەرپا قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر» ھەرىكىتى -31ئىيۇل دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زور كۆلەملىك خەلقئارالىق نامايىش ئۆتكۈزدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن كۆپلەپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان، ئاۋستىرالىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زور كۆلەملىك نامايىش تەشكىللەپ زور تەسىر قوزغىغان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئىسلامىي تەشكىلاتنىڭ ھەمكارلىقىدا بەرپا قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر» ھەرىكىتى 31-ئىيۇل يەنە بىر قېتىم زور كۆلەملىك خەلقئارالىق نامايىش تەشكىللىدى.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختىتات» تېمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر نامايىش ئەنگلىيەنىڭ لوندون، مانچېستېر شەھەرلىرى، شوتلاندىيەنىڭ ئېدىنبۇرگ شەھىرى، ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون، نيۇيورك، لوس-ئانژېلېس شەھەرلىرى، كانادانىڭ تورونتو شەھىرى، ئاۋستىرالىيەنىڭ بىرىسبېين شەھىرى، يېڭى زېلاندىيەنىڭ ئاكلەند شەھىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرى ۋە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جوھانسبېرگ شەھىرىدىكى خىتاينىڭ ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا ياكى مۇھىم ئورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئىنتايىن داغدۇغىلىق داۋاملاشتى.






ئىستانبۇلدىكى نامايىشنى تەشكىللەشكە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئىستانبۇل فاتىھ رايونىغا جايلاشقان ساراچخانە باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشتا سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى كونيا شۆبىسى رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل







ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىن ھاجى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام، شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى ۋە ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزىگە ۋاكالىتەن ئابدۇللاھ ئوغۇز، ئىستانبۇل مۇسۇلمانلار كوللېكتىپى تەشكىلاتىدىن ئىلخان ئىبراھىم خانىم، ژۇرنالىست، يازغۇچى خالىس ئۆزدەمىر ۋە پېشقەدەم پائالىيەتچى مەھمۇدجان توختى ھاجىم قاتارلىقلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە بۇ جىنايەتلەرنىڭ توختىتىلىشى ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.




نامايىشتا يەنە كەسپىي رەسسام تەرىپىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىغا ۋە ۋەھشىي جىنايەتلىرىگە سىمۋول قىلىنغان قانغا بويالغان شەرقىي تۈركىستان بايرىقى سىزىلدى.

ئۇندىن باشقا «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر» ھەرىكىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، نامايىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، يەنى 29-ئىيۇل يۇقىرىقى دۆلەتلەردىكى ھەرقايسى مەسچىتلەردە بىردەك ھالدا شەرقىي تۈركىستان






بۈندىن 13 يىل ئىلگىرى فاشىست خىتاي ئۈرۈمچىدە زۇلۇمغا قارشى چىققان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانلىق باستۇرغانىدى.

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رادۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2**<br>**Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@turkistanmedia.com**

**www.istiqlalmedia.com** **www.istiqlalhaber.com**

**+90 553 895 19 33** **+90 212 540 31 15**

**+90 541 797 77 00**